# ئېچىۋېتىش قەدىمى پۇختا بولدى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى ئالدىراش بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ چاغدا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ يىللىق يولۇچى كىرىش - چىقىش مىقدارى 63 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ، 2019 - يىلدىكى يولۇچى كىرىش - چىقىش مىقدارىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، يىللىق يۈك پوچتا يوللانمىسى كىرىش - چىقىش مىقدارى 750 مىڭ توننىغا يېتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا قارىتىلغان خەلقئارا توشۇش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ.

ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئەتراپىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتور ياردەمچىسى شاڭ شياۋگاڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قۇرۇلۇش 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بولۇپ، قۇرۇلۇش نۆۋەتتە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ تۇپا ياغاچ قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىدا 70% قۇرۇلۇش مىقدارى تاماملاندى، يانداش قۇرۇلۇشلاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلاندى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، جۇڭگو شىنجاڭدىن ياۋروپاغىچە بولغان پۈتۈن مۇساپىلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ G3018 جىڭ - ئالاتاۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق غەربكە تۇتاشتۇرۇلغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى تېزلىتىلدى، يىل بويى ئېچىۋېتىلىدىغان تاشيول پورتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن 2 - دەرىجىلىك تاشيولغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىككى تەرەپلىك خەلقئارا يول توشۇش لىنىيەسىدىن 118ى ئېچىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەپ، 18 مىليون 943 مىڭ توننىلىق خەلقئارا يول يۈك توشۇش مىقدارىنى تاماملىدى.

ئۈرۈمچىدىن ئېچكىرى رايونلارغا قاتنايدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇلدى، «شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانى تېز ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاۋىياتسىيە تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلدى، «شىنجاڭ ئىچىدە تورلاشقان، شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغان» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى تېز بەرپا قىلىندى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسى 1529 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2020 - يىلى يېڭىدىن كۆپەيگىنى 856 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 7398 كىلومېتىرغا يەتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بەش ئايرودرۇم يېڭىدىن كۆپەيدى، بىر ئايرودرۇم يۆتكەپ قۇرۇلدى، توققۇز ئايرودرۇم ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، ھازىر بار بولغان ئايرودرۇم 22 بولۇپ، 2015 - يىلدىكىدىن بەشى كۆپەيدى.

## كەسپلەرنىڭ توپلىنىش ئېففېكتى كۈنسېرى گەۋدىلەندى

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى (شەھىرى)نىڭ زامانىۋى جابدۇق ياسىمىچىلىقى توردا «بۇلۇت سودىگەر چاقىرىش» تونۇشتۇرۇش يىغىنى شەندۇڭ، خېبېي، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى 200 دىن ئارتۇق كارخانىچىنى تور سۇپىسى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى.

«بۇ يىل ‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلان باشلانغان يىل، بىز 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق قېزىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى يولغا قويدۇق. بۇ قېتىمقى مەخسۇس مەيدان تونۇشتۇرۇش يىغىنى قورغاس زامانىۋى جابدۇق ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي كۈچى بار يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كەسپ زەنجىرلىك كارخانىلارنى قورغاسقا مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان» دېدى قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جيېن.

جاڭ جياۋبې قورغاستىكى بىر يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئۇ كەسپلەرنىڭ توپلىنىشى ئېلىپ كەلگەن ياخشى ئېففېكتنى بۇرۇنلا ھېس قىلدى. بۇلتۇر بۇ كارخانا قورغاستا يورۇقلۇق ئېلېكتىرلىك يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كەسپلەر باغچىسى تۈرىگە مەبلەغ سېلىپ، ئاساسلىقى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر كەسپىنى چۆرىدەپ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى پىچەتلەش - سىناش تۈرىدىكى كەسپ زەنجىرلىك كارخانىلارنى ماكانلىششقا جەلپ قىلىپ، كەسپلەرنىڭ توپلىنىشىنى شەكىللەندۈردى.

«كەسپلەر باغچىسى بەزى يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلارنى ماكانلىششقا جەلپ قىلدى، ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، بۇ جايىنى ئۇسكۇنىلارگە 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كەسپلەر باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدۇق» دېدى جاڭ جياۋبې.

قورغاس «رايون، سىياسەت، ئېچىۋېتىش»تەك ئۈستۈنلۈك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا پائال سىڭىشىپ، جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى ۋە قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، پورت ئىقتىساد بەلبېغىدا ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ئەۋزەل كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، غەربكە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىنى باشلامچى قىلىپ، قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ۋە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون، چېگرا بويىدىكى پورت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، ئېچىۋېتىش سۇپىسى ۋاستىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئوچۇق ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش قۇتۇپىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى.

## پورت تىجارەت - سودا مۇھىتى سىجىل ئەلالاشتى

2 - ئاينىڭ ئاخىرى، قەشقەردىكى مەلۇم چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كارخانىسى قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا بىر قېتىملىق چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورت ماللىرىنى مەلۇم قىلدى. بۇ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورت مالىرى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچىمۇ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تاشقى سودا يېڭى كەسپ ھالىتىنىڭ قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندىكى تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرۈپ يەتكەن قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى ۋە قەشقەر تاموژنىسى دەرھال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى چېگرا ھالقىغان نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق سودا كەسپى گەۋدىلىك بولغان ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارغا بېرىپ «تەجرىبە ئۆگەندى».

«بىز ئالاتاۋ تاموژنىسى، تيەنجىن تاموژنىسى قاتارلىق قېرىنداش ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنى چېگرادىن كىرگۈزۈش - چىقىرىش ھالقىسىنى قانداق ئەلالاشتۇرغانلىقىنى ئۆگەندۇق. بىز تاموژنىدىكى تاموژنا خادىملىرىنى ئالاقىدار تەربىيەلىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن بولغان ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنىڭ رايونغا كىرىش - چىقىش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ بېرىمىز» دېدى قەشقەر تاموژنىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، تاموژنا باشلىقى ۋاڭ جۈەنجيې.

قەشقەر ۋىلايىتىدە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر تاموژنىسى 41 كەسپىي تايانچنى ئاجرىتىپ مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قەشقەر تاموژنىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا مەخسۇس مەسئۇل قىلدى. قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا «بىر كۆزنەك» شەكلىدىكى مۇلازىمەت زالى تەسىس قىلىنىپ، خادىملارنىڭ مەركەزلىك ئىش بېجىرىشى ۋە كەسپلەرنى مەركەزلىك بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئارىلىقتىكى ھالقىلارنى ئۈنۈملۈك قىسقارتتى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارغا ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ بەردى. بۇلتۇردىن بۇيان، ئۈرۈمچى تاموژنىسى پورتنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئىسلاھات تۈرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مۇددەتتىن بۇرۇن مەلۇم قىلىش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىمپورتتا «ئىككى قەدەم بويىچە مەلۇم قىلىش» تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «ئىككى بۆلەكلىك ئىجازەت»نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسپ تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى قەرەللىك تەھلىل قىلىش، باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئۈزۈك نۇقتا ۋە توسۇق نۇقتىلارنى ۋاقتىدا راۋانلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتىنى سىجىل مۇستەھكەملىدى، قىسقارتتى.

2020 - يىلى، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنى ئومۇميۈزلۈك تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 20.8 سائەت، 0.48 سائەت بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسى بولغان 21.02 سائەت، 1.71 سائەتتىن تېز بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى يۈكسەلدى. جۇڭگو تەرەپ ئىلگىرىكىدەكلا كۇبانىڭ سوتسيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو - كۇبا مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى قوللايدۇ.

يېقىندا، رائۇل كاسترو بىلەن دىئاز كانېل شى جىنپىڭغا خەت ئەۋەتىپ، كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى، كۇبا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، جۇڭگونىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە زىيادە نامراتلىقنى تۈگىتىش كۈرىشىدە ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»دا بېكىتىلگەن نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىنى مۇددەتتىن ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلىدى، كۇبا تەرەپنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سوتسيالىستىك ئائىلە مەدەنىيلىكى يېڭى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئائىلە تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئائىلە ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى چۆرىدەپ ئېلان قىلغان بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى ئائىلە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش، تىرىشىپ مىليونلىغان ئائىلىلەرنى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسىي نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش، شەخس ئارزۇسى، ئائىلە ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى دۆلەت ئارزۇسى، مىللەت ئارزۇسىغا سىڭدۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بايانلاردىن ئۆزۈندە» يەتتە مەخسۇس تېمىغا بۆلۈنگەن، جەمئىي 107 بۆلەك بايانىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭنىڭ 2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى دوكلاتى، سۆزى، سۆھبىتى، ئىنزاھاتى، سوئاللارغا بەرگەن جاۋابى قاتارلىق 60 نەچچە پارچە مۇھىم ھۆججەت، ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن بايانلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

## ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش مول ھوسۇل ئېلىشقا تۈرتكە بولدى

«جانلىقلار ئويغىنىپ بۇغدايلار مايسا بولغاندا، ئېتىز پەرۋىشىنىمۇ يېتىشتۈرۈپ مېڭىش كېرەك.» 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شايار ناھىيەسى نۇرباغ يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياسىن ئايۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل كەنتىمىزدە 2700 مودىن ئارتۇق كۈزگى بۇغداي، 700 مو يازغى بۇغداي تېرىلدى.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشتا، ئاشلىق تېرىش ھەممىدىن مۇھىم.

«دېھقانچىلىق ۋاقتى»نى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، «دېھقانچىلىق ئىشلىرى»غا دەخلى يەتكۈزمەسلىك كېرەك. شايار ناھىيەسى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشتا پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سۇغىرىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، مايسىنى كۈچلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، بۇغداي ئېتىزلىرىنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

شايار ناھىيەسى يېڭىئاۋات نۆكىبېك يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ بۇغداي تېرىش، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىغا بارسىڭىز، تۇتاش كەتكەن بۇغدايلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلاتتى، يېشىللىق كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى، «ئالدىنقى باسقۇچلۇق تېرىش، پەرۋىش قىلىش خىزمىتى جايىدا ئىشلەنگەچكە، بۇ يىل كۈزگى بۇغداينىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ياخشى بولدى» دېدى ئەخمەت.

بۇغداينىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ياخشى بولدى، بۇ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشقان دېھقان ئابلا قۇربانىنى خۇشال قىلدى: «بۇلتۇر ئائىلىمىزنىڭ 13 مو يېرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوبوروت قىلىپ بەردۇق، يىل ئاخىرىدا ھەر مو يەردىن 888 يۈەن پايدا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ يىلقى بۇ ئۆسۈش ئەھۋالىدىن، ھەر مو يەردىن 1000 يۈەن پايدا بۆلۈشۈشكە ئىشەنچىم بار.»

ئابلا يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ بىرتۇتاش سورت كىرگۈزۈش، بىرتۇتاش تېرىش، بىرتۇتاش ئېتىز پەرۋىشى قىلىش، بىرتۇتاش ئورۇشتەك بۇغداي تېرىش ئەندىزىسىدىن، ھەمدە كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن، ئىنچىكىلەشكەن، كەسپلەشكەن تەرەققىيات ئەندىزىسىدىن كەلگەن.

2021 - يىلى، شايار ناھىيەسىنىڭ بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 253 مىڭ مو بولدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شايار ناھىيەسى «دېھقانلار+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+كارخانا+بازار» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ پەرۋىش قىلىش، بازارلاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى؛ بۇغداينى تېمىتىپ سۇغىرىشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئىلمىي پەرۋىش قىلىپ، بۇغداي ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى؛ پەرۋىش قىلىش جەريانىدا، يېشىل ئورگانىك ئوغۇتنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك يېشىل ئورگانىك بۇغداي سۈپەتلىك ماركىسىنى ياراتتى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە پارتىيە، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش ۋە «كۆك - تاق» بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى يېزا - بازار، دېھقان ئائىلىلىرى ۋە يەرلەرگىچە قاتلاممۇقاتلام بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. سانجى ئوبلاستى بۇ يىل 250 مىڭ مو يەرگە يازغى بۇغداي تېرىشنى تاماملاپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ بۇلتۇرقىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا، كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 750 مىڭ مودىن يۇقىرى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدى.

## ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى يېتەرلىك بولدى

چاقىلىق ناھىيەسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ساتىدىغان بىر دۇكاندا، ئۇرۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار ئامبارغا لىق دۆۋىلەنگەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

«مەن بۇ دۇكاننىڭ كونا خېرىدارى، بۇ يەردە دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنىڭ تۈرلىرى تولۇق» دېدى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا كەلگەن تىكەنلىك بازىرىنىڭ تىكەنلىك كەنتىدىكى دېھقان ساۋ جىكۈن.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشتا، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدىن تەييارلاش كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار مەۋقەنى «بالدۇر» بولۇشقا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

نۆۋەتتە، مەھەللىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى زاپىسى ئاساسىي جەھەتتىن يېتەرلىك بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىكەن.

مۇشۇ ئىككى كۈندە، گۇچۇڭ ناھىيەسى داچۈەن تاتار يېزىسى ۋەنشېڭ سۇ تېجەپ بېسىملىق تېمىتىپ سۇغىرىش شالانكىسى پىششىقلاش زاۋۇتى تېمىتىپ سۇغىرىش شالانكىسىنى جىددىي ئىشلەپچىقىرىۋاتاتتى. ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ماشىنىلار گۈرۈلدەيتتى، ئىشچىلار ئۆلچەش، سېلىشتۇرۇش، ماتېرىيال قوشۇش، بېسىم چۈشۈرۈپ سىناش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ھەربىر ھالقا ۋە ئىش تەرتىپى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

«نۆۋەتتە، بىز 80 مىڭ يۈرۈش ئىشلەپچىقاردۇق، 300 مىڭ مو يەر(تېرىلغۇ يەر)نى نورمال سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلالايمىز» دېدى گۇچۇڭ ناھىيەسى داچۈەن تاتار يېزىسى ۋەنشېڭ سۇ تېجەپ بېسىملىق تېمىتىپ سۇغىرىش شالانكىسى پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى چېن جىگاڭ.

گۇچۇڭ ناھىيەسىدە، سۇ تېجەش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن 11ى بار، يىللىغا سولياۋ يوپۇق يېيىپ تېمىتىپ سۇغىرىش ئارقىلىق سۇ تېجەيدىغان مەھسۇلاتتىن 3000 توننىدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىپ، ناھىيە ۋە ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى. نۆۋەتتە، ھەرقايسى كارخانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش شالانكىسى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، سانجى ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ۋېيشىن، دوۋيىن قاتارلىق تاراتقۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تىجارەتچى سۇبيېكتلىرى ئۈچۈن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ زاپچاسلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىملەش - يۆتكەشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەنتلەرگە، دۇكانلارغا ۋاقتىدا كىرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تەمىنلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، سانجى ئوبلاستى 161 مىڭ 500 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت، 910 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 20 مىڭ توننا سولياۋ يوپۇق، 52 مىڭ 500 توننا تۈرلۈك ئۇرۇقنى زاپاس تەييارلىدى، بۇ، بازار ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، دېھقانلارنىڭ خاتىرجەم سېتىۋېلىشى، خاتىرجەم ئىشلىتىشى، ۋاقتىدا تېرىلغۇ قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

توققۇزتارا ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى)نىڭ «ئاساسىي ئەھۋالى»نى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، كەمچىل بولۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى زاۋۇت، تىجارەت سودىگەرلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، زاپاس تەييارلانغان تۈرلۈك ئۇرۇق 6590 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق ئۇرۇقى 4330 توننا، يازغى بۇغداي ئۇرۇقى 1760 توننا، باشقا ئۇرۇق 500 توننا)، ئوغۇت 24 مىڭ 620 توننا (ئازوتلۇق ئوغۇت 11 مىڭ 900 توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 12 مىڭ 720 توننا)؛ زاپاس تەييارلانغان دېھقانچىلىق دورىسى 15 توننا، سولياۋ يوپۇق 146 توننا.

## مۇلازىمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلدى

«ئائىلىمىزنىڭ ئىككى يۇقىرى ئات كۈچىگە ئىگە تىراكتورىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ بولدۇم، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ‹بۇرغىسى›نىڭ چېلىنىشىنى كۈتۈۋاتىمەن» دېدى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى فۇكاڭ شەھىرى شاڭخۇگۇ يېزىسى دىگۇ كەنتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چوڭ ئائىلىسى ۋاڭ خېيفېڭ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ياخشى ھالەت ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سانجى ئوبلاستى ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك خادىملىرىنى بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللەپ، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق، تۆجۈپلەپ ئاز مىقداردا تېرىقچىلىق قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، سۇ تېجەپ سۇغىرىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە 63 مىڭ تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىنىش نىسبىتى 60%كە يەتتى.

«بۇغداي تېرىشتا، بىر مو يەرگە بىر قىر سېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك، سۇغىرىش، ئوت - چۆپلەرنى ئوتاشنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا بولۇشى كېرەك...» يەكەن ناھىيەسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىكى بۇغدايلىقتا، بۇ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى گۈلباھار مەمەت كەنت ئاھالىلىرىگە بۇغداينى قوشۇمچە ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىش قىلىش، ئاسراش خىزمىتىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

«2 - قېتىملىق سۇغىرىش قاچان تاماملىنىدۇ؟» پونكىت باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، يېڭىئۆستەڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلەت ئوسمان سوئال سوراشقا باشلىدى.

ئابلەتنىڭ ئائىلىسى 13 مو يەرگە بۇغداي تېرىغاندى، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇغدىيى ياخشى ئۆسۈپ، ھوسۇلمۇ بارغانسېرى ئاشتى. «بۇلتۇر، مەن تېرىغان بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگىرامغا يەتتى، بېرىلىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسى قوشۇلۇپ ھەر مو يەردىن 1400 يۈەن كىرىم قىلدىم. بۇ يىل تېخنىكلار نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتسە، جەزمەن مول ھوسۇل يىلى بولىدۇ» دېدى ئۇ.

بۇلتۇر قىش كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار قىشتىكى ئارىسال ۋاقىتنى قىشتىكى ئالدىراش ۋاقىتقا ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ مۇقىم، ھالىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 111 مىڭ 100 ئادەم قېتىم دېھقان تەربىيەلىنىپ، 326 مىڭ 900 يۈرۈش يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى.